السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# كىمكى خام سامساق ياكى پىياز يېسە، بىزدىن يىراق تۇرسۇن ياكى مەسجىدىمىزدىن يىراق تۇرسۇن ۋە ئۆيىدە ئولتۇرسۇن

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: كىمكى خام سامساق ياكى پىياز يېسە، بىزدىن يىراق تۇرسۇن، ياكى مەسجىدىمىزدىن يىراق تۇرسۇن، ۋە ئۆيىدە ئولتۇرسۇن. ئۇنىڭ قېشىغا لوۋىي ۋە كۆكتات سېلىنغان بىر قازان يېمەكلىك كەلتۈرۈلگەن ئىدى، ئۇنىڭدىن چىققان پۇراقنىڭ نېمىنىڭ پۇرىقى ئىكەنلىكىنى سورىدى، ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنى دەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنى بەزى ساھابىلىرىمغا يېقىن قويۇڭلار، دېدى ۋە ئۇنى كۆرگەندە ئۇنى يېيىشنى ياقتۇرمىدى. ۋە دېدىكى: سەن يېگىن! مەن، سەن سۆزلەشمەيدىغان زات بىلەن سۆزلىشىمەن.
جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: كىمكى سامساق، پىياز ۋە كۈدە يىسە، بىزنىڭ مەسجىدىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن، چۈنكى پەرىشتىلەر ئادەم بالىلىرى ئەزىيەت چېكىدىغان نەرسىلەردىن ئەزىيەت يەيدۇ

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنىڭ ھەر ئىككى رىۋايىتى بۇخارى ۋە مۇسلىم تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان]

ناماز ئوقۇغۇچى، بولۇپمۇ نامازنى جامائەت توپلاشقان جايدا ئوقۇماقچى بولسا، ئەڭ خۇشپۇراق ھالدا بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خام سامساق ياكى پىياز يېگەن كىشىلەرنى، ئۇنىڭ ناماز ئوقۇغۇچىلار ۋە پەرىشتىلەر ئەزىيەت يەيدىغان سېسىق پۇرىقى يوقىغۇچە، مۇسۇلمانلارنىڭ مەسجىدلىرىدىن يىراق تۇرۇشقا ۋە نامىزىنى ئۆيىدە ئوقۇشقا بۇيرىدى. ئۇنىڭ قېشىغا دانلىق نەرسىلەر ۋە كۆكتاتلار سېلىنغان بىر قازان يېمەكلىك كەلتۈرۈلگەن ئىدى، ئۇنىڭدىن چىققان پۇراقنى رەسۇلۇللاھ ياقتۇرمىدى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنى شۇ سورۇنغا ھازىر بولغان ساھابىلارغا يېقىن قويۇشقا بۇيرىدى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى ياقتۇرمىغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ ھارام قىلىنغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى-دە، ئۇنى يېيىشتىن ئىككىلىنىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۇ نەرسىنىڭ ھارام ئەمەسلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنى ياقتۇرماسلىقىدىكى سەۋەبىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ھاراملىقى ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى يېيىشكە بۇيرىدى، ۋە ئۆزىنى يېيىشتىن توسقان ئىش؛ ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئالاقىلىشىدىغانلىقى ۋە ھېچكىم قىلالمايدىغان شەكىلدە يۈرەك سۆزىنى ئېيتىدىغانلىقى ۋە ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئالى پەرۋەردىگارىغا يېقىنلاشقاندا ئەڭ گۈزەل ھالەتتە بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇئمىنلەردىن ئەزىيەتنى يىراقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئومۇمنىڭ پايدىسىنى كۆزلەش، جامائەتكە ئۇ ھالدا كېلىشتىن ئىبارەت شەخسى مەنپەئەتنى كۆزلەشتىن ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ئۇ جامائەتكە كېلەلمەسلىكنىڭ سەۋەبىنىڭ ئۆزىدۇر